# ئىلى گېزىتى

1991 - يىل
4 - ئاينىڭ
6
كۈنى
(شەنبە)
5800- سان

伊犁日報 (维文)
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش نومۇرى CN56–27/Z
« ئىلى گېزىتى » ئىدارىسى نەشر قىلدى


## 7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4- يىغىنى 4 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4- يىغىنى 4- ئاينىڭ 3- كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال خەلق سارىيىدا 4- قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەمدە ئالاقىدار تەكلىپ لايىھەلىرى ئۈستىدە قارار چىقاردى.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى رېن جيەنشىن يىغىنغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1990- يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلىرى ۋە بۇ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى دوكلات قىلدى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ليۇ فۇجى يىغىنغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

بۇ قېتىمقى يىغىن يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، 7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تولۇقلاپ سايلىدى. باش مىنىستىر لى پېڭنىڭ نامزات كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىن گوۋۇيۈەننىڭ قىسمەن مۇئاۋىن باش مىنىستىر ۋە دۆلەت كومىسسارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاۋاز بېرىش ئەسۋابىنى بېسىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، گوۋۇيۈەننىڭ قىسمەن مۇئاۋىن باش مىنىستىر ۋە دۆلەت كومىسسارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

— شىنخۇاشې

## مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 7- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى يېپىلدى

**يىغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پائال تۈردە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى، 8- بەش يىللىق پىلاندىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى چاقىرىق قىلدى**

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەۋىرى. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى كۈنتەرتىپتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى تولۇق ئورۇنداپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا يېپىلدى.

يىغىن ماقۇللىغان سىياسىي قارار ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پائال تۈردە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش...

كېڭەشنىڭ رەئىسى لى شيەننيەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋاڭ رېنجۇڭ، خۇڭ شۆجى، گۇمۇ، ياڭ جىڭرېن، كاڭ كېچىڭ، پابالا گېلېينامگيې، جۇپېييۈەن، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، دېڭ جاۋشياڭ، جاۋ پۇچۇ، چۇ ۋۇ، ماۋ يىرۋې، ۋاڭ ئېنماۋ، چيەن شۆشېن، چيەن ۋېيچاڭ، خۇ شېڭ، سۇن شياۋسۈن، چېڭ سىيۈەن، چيەن جېڭيىڭ، سۇ بۇچىڭ، ئىسمايىل ئەھمەت، خۇ جىڭرۇ، دېڭ گۇاڭشۈن، باش كاتىپ سۇڭ دېمىن ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

جياڭ زېمىن، ياڭ شاڭكۇن، لى پېڭ، ۋەن لى، چياۋ شى، سۇڭ پىڭ، لى رۇيخۇەن، ۋاڭ جېن، تيەن جيۈن، لى ...

... 1859 كىشى، بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار 1621 كىشى.

مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ رېنجۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن ئالدى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمىي ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ سايلىدى، باش كاتىپنى تولۇقلاپ سايلىدى. سايلام ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ئەسۋابى ئارقىلىق بىرمۇ بىر ئاۋازغا قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

ئەزالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق، يې شۇەنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆپەيتىپ سايلاندى؛ سۇڭ دېمىن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تولۇقلاپ ...

... لىھەت كېڭەشى 7- نۆۋەتلىك كومىتېتى 4- يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى.

يىغىن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەكلىپ لايىھەلىرى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 7- نۆۋەتلىك كومىتېتى 4- يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ماقۇللىدى. يىغىن ئېچىلغاندىن تارتىپ 3- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە تەكلىپ لايىھەلىرى خىزمىتى كومىتېتى ئەزالارنىڭ جەمئىي 1689 پارچە تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. تەكلىپ لايىھەلىرى خىزمىتى كومىتېتى ئەزا...

## تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدا نېفىت جېڭى باشلاندى

شىنخۇاشې، ئۈرۈمچى، 4- ئاينىڭ 3- كۈنى خەۋىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇرپان-قۇمۇل ئويمانلىقى ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى يەنە بىر چوڭ تىپتىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالغۇسى. نۆۋەتتە، نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك نېفىت ئېچىش قوشۇنى يالقۇنتاغ ئېتىكىگە توپلىنىپ، 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بۇ يەردە مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چوڭ نېفىتلىك قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. تۇرپان - قۇمۇل نېفىت جېڭى جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتىنى «شەرقىي قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» تىكى مۇھىم جەڭ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تا...

پىچان نېفىتلىكى ئالدىن ئېچىش تەجرىبە رايونىدىكى بىرلىكتە سىناق رېتىمدە نېفىت ئېلىش پونكىتىنىڭ ئىشقا كىرىشكەنلىكى تۇرپان-قۇمۇل نېفىتلىك رايونىدا قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئېچىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

نۆۋەتتە يۈمېن، چاڭچىڭ، شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكى قاتارلىق نېفىتلىكلەرنىڭ بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى داۋاملىق ئويمانلىققا توشۇلماقتا. پىچان نېفىتلىكىدە نەچچە كۋادرات كىلومېتىرلىق چۆللۈكتە ۋېشكىلار ئورنىتىلدى؛ چوڭ تىپتىكى ماي باكلىرى كېچە-كۈندۈز قۇرۇلماقتا، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىن چىققان نېفىت سىرتقا توشۇلۇشقا باشلىدى، بۇ يىل ئىچىدە 500 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۆلچەرلەنمەكتە.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۇرپان-قۇمۇل نېفىت ئېلىش ...

